# جۇڭشەن بەگلىكى توغرىسىدا

غەيرەتجان ئوسمان

ئۇيغۇرلار ئاسىيادا يىراق ئۆتمۈشتىلا سىياسى سەھنىگە چىققان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ياشىغان ماكانلىرىدا بەلگىلىك ئىز ۋە تەسىرىنى قالدۇرغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ بەك يىراق ئەجدادلىرى ھەققىدە ئەڭ بۇرۇن خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە مەلۇمات بار. «ۋېي سۇلالىسى تارىخى» ۋە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»دا ئۇيغۇرلار «قەدىمكى قىزىل دىلار (赤狄)نىڭ نەسلىدىن ئىدى» دەپ ناھايىتى ئېنىق يېزىلغان. بۇ يەردە ئېيتىلغان قىزىل دىلار ئەسلى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بىپايان يايلاقلاردا ياشىغان، خەنزۇچە نامى تارىخىي ھۆججەتلەردە «دى» (狄) دەپ يېزىلغان قەدىمكى قەۋمنىڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ، بۇ قەۋم چۇنچيۇ دەۋرى (م ب 722 — 481) دە «قىزىل دى»، «ئاق دى» (白狄)، «ئۇزۇن (ئېگىز) دى» (长狄) دېگەن ئۇرۇقلاردىن تەركىب تاپقان («سىخەي» (سۆزلەر كانى) 819 ـ بەت، 1979 ـ يىل نەشرى، يىغىنچاقلانغان نۇسخا). تارىخىي كىتابلاردا: قىزىل چاپان كىيىدىغانلار «قىزىل دى»، «ئاق چاپان كىيىدىغانلار «ئاق دى»، ئۇزۇنراق (ئېگىزرەك) كەلگەنلىرى «ئېگىز دى» دەپ ئاتىلىدۇ، دېيىلگەن.

خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، قەدىمكى دەۋرلەردە جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسىملىرىدا شيەنيۈن (猃狁)، شۈنيۈ (荤粥)، گۈيفاڭ (鬼方)، خۇنيى (混夷)، يەنيۈن (玁狁) رۇڭ (戎)، خۇ (胡)، ھۇن (匈奴)، دى (狄). دىلى (狄历)، دىڭلىڭ (丁灵) قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان قەۋم ياشىغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخچى مەشھۇر ئالىم ۋاڭ گوۋېي ئەپەندى يۇقىرىقى ناملارنى بىر قەۋمنىڭ خەنزۇچىدا ھەر خىل يېزىلىشى دەپ ھېسابلىغان («گۋەنچاڭ جىلىن» 22 ـ جىلد، «گۈيفاڭ، خۇنيى، شيەنيۈنلەر ھەققىدە ئىزدىنىش»). بۇ قەۋمنىڭ نامى بەزىدە «رۇڭدى» (戎狄) دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، «خۇاشيالار بىلەن تىلى ئوخشىمايتتى» («ئەدەبنامە. خانلىق تۈزۈمى»).

جۇڭشەن بەگلىكىنى جەنگو دەۋرىدە دىلارنىڭ «ئاق دى» قەۋمىنىڭ «شيەنيۇ» ئۇرۇقى باش بولۇپ قۇرغان («تارىخنامە. جاۋبەگلىرى تەزكىرىسى» گە قاراڭ). «زوجۇەن» دە شيەنيۇنلەر «ئاق دىلارنىڭ بىر ئۇرۇقى ئىدى» دېيىلگەن. «شى بىن» («世本») دېگەن كىتابتا: «جۇڭشەن دىلارنىڭ بەگلى-

كىدۇر» دەپ قەيت قىلىنغان. «تارىخنامە. جاۋ بەگلىرى تەزكىرىسى» دە «جۇڭشەن بەگلىكىنى تۇنجى قېتىم ۋۇگۇك قۇرغان» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 418 ـ يىلغا توغرا كېلىدۇ، ئەمما جۇڭشەن بەگلىكىنىڭ بەگلەر قەبرىسىدىن قېزىۋېلىنغان «چاسا چۈگۈندىكى ئويما خەت» (蠕蠕) تىكى بەگلەرنىڭ شەجەرىسىگە ئاساسلانغاندا، ۋۇگۇكتىن بۇرۇن ۋېنگۇكنىڭ ئىسمى يېزىلغان. تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇلاھىزىسىگە قارىغاندا ۋۇگۇكتىن ئىلگىرى جۇڭشەن بەگلىكىدە ۋۇگۇكنىڭ ئاكىسى، جۇڭشەن بەگلىكىنىڭ تۇنجى بېگى ۋېنگۇك ئۆتكەن، ۋۇگۇك ئاكىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ 2 ـ ئەۋلاد بەگ بولغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ۋېنگۇك ۋۇگۇكنىڭ دادىسى بولۇشى مۇمكىن دېيىدىغان قاراشمۇ بار. جۇڭشەن بەگلىكىنىڭ پايتەختى ھازىرقى دىڭشيەن ناھىيىسىدە بولغان. جۇڭشەن بەگلىكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 401 ـ يىلى ۋېي بەگلىكى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. خۇەنگۇك پايتەختىنى لىڭشۇغا كۆچۈرگەن، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 323 ـــ 318 ـ يىللار ئارىلىقىدا جۇڭشەن بەگلىكىگە كۈ ۋەلىئەھد بولغاندىن كېيىن، بەگلىك كۈنسېرى كۈچىيىپ يەن، خەن، جاۋ، ۋېي بەگلىكلىرىنىڭ خانلىرى قاتارىدا خان (王) دەپ ئاتالغان («خان سارىيى مۇزېيى مەجمۇئەسى» خەنزۇچە، 1979 ـ يىلى 2 ـ سان، 86 ـ بەت). مىس ئەسۋابلارغا ئويۇلغان يازما خاتىرىلەرگە قارىغاندا، جۇڭشەن بەگلىكىگە خۇەنگۇك، چىڭگۇك، كۇ قاتارلىقلار بەگ بولغان. «لۈشى چۇنچيۇ داگىرەن» دېگەن كىتابتا يەنە، جۇڭشەن بەگلىكىنىڭ مۇنقەرز بولغان چاغدىكى بېگى داڭ (尚) قاملىلىك ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىن بۇ بەگلىكتە ئاز دېگەندە تۆت ئەۋلاد بەگ ئۆتكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن. جۇڭشەن بەگلىكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 296 ـ يىللىرى جاۋ بەگلىكىنىڭ چى، يەن بەگلىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ قىلغان كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمىدا مۇنقەرز بولغان.

جۇڭشەن بەگلىكىنى قۇرغان دىلار ئەسلى سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدا تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن. چۇنچيۇ، جەنگو دەۋرىنىڭ باشلىرىدا قېرىنداش قەۋم ـ قەبىلىلەرنىڭ كۆچۈشى بىلەن دىلارنىڭ بىر قىسمى شەنشىنىڭ شىمالىنى بويلاپ خېبېي ـ شەنشى ئارىلىقىدىكى تەيخاڭشەننىڭ جەنۇبىدىن خېنەننىڭ شىمالىي ۋە شەندۇڭنىڭ چېگرىسىغا يۆتكىلىپ، خۇاشيا قەبىلىلىرى (خەنزۇلارنىڭ ئەجدادى ـ ئا) نىڭ ئارىسىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. جۇڭشەن بەگلىكىنىڭ ئورنى بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى تەۋەسىدە بولۇپ، چېگرىسى شەرقتە خېڭشۈي دەرياسىغىچە، جەنۇبىدا بۈگۈنكى يۈەنشىغىچە، شىمالىدا بۈگۈنكى باۋدىڭغىچە بولغان («拜門»، «مىللەتلەر

قىسمى»، 86 - بەت). جۇڭشەن بەگلىكىنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، ھازىرقى باۋدىڭ رايونىدىكى باۋدىڭ شەھىرى، مەنچىڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە شىجياجۇاڭ رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جۇڭشەن بەگلىكىنىڭ ئەسلى ئىسمى «شەن بەگلىكى» بولۇپ، «شەن» — «دى» تىلىدىكى «شيەنيۈ» نىڭ بىۋاسىتە تەرجىمىسىدىن كەلگەن. «دى» تىلىدا «تاغ» دېگەن مەنىدە ئىكەن (لياڭ ژۈ: «شيەنيۈ» قەدىمكى «دى» تىلى» («ئىجتىمائىي پەن قىسمى»، تىڭنىڭ «چىڭخەي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 - يىل 2 - سان 38 - بەت) دىكى (ماقالىسىگە قاراڭ). كېيىنچە «شەن» سۆزىنىڭ ئالدىغا «جۇڭ» دېگەن خەنزۇچە خەت قوشۇلۇپ، «جۇڭشەن بەگلىكى» دەپ ئاتالغان.

1974 - يىلى 11 - ئايدىن 1978 - يىلى 6 - ئايغىچە خېبېي ئۆلكىسى پىڭشەن ناھىيىسىنىڭ سەنجى گۇڭشېسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە چۇنچيۇ - جەڭگو دەۋرىگە ئائىت چوڭ - كىچىك 30 قەبرە قېزىلدى. قەبرىستانلىق ئىككى دەۋرگە بۆلۈنۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە جۇڭشەن بەگلىكى پايتەختىنىڭ ئورنى ۋە شەھەر ئىچىدىكى بەزى خارابە ئىزلىرى تەكشۈرۈلدى («مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژۇرنىلى، 1979 - يىل 1 - سان). تەكشۈرۈش دائىرىسى 10 مىڭدىن كۆپرەك قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىق قېزىۋېلىنغان («نۇر گېزىتى»، 1978 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى سانىغا قاراڭ). بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ دانە مىس جابدۇققا ئويۇلغان خەتلەر جۇڭشەن بەگلىكىگە ئائىت ئىلگىرىكى يازما خاتىرىلەرنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىنى تولۇقلاشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ قالدى.

ئىلگىرى بەزىلەر جۇڭشەن بەگلىكىنى «دى» قەۋمىدىن بولماستىن خۇاشيا قەۋمىدىن دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى. بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا چىققان مىس ئەسۋابلارغا ئويۇلغان خەتلەردىن بۇ مەسىلىدىكى گۇمانلار ئايدىڭلىشىپ، جۇڭشەن بەگلىكىنىڭ «دى» قەۋمىدىن ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

جۇڭشەن بەگلىكىنىڭ قۇرۇلۇشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ كىرگەن «دى» قەۋمىنىڭ سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ بەگلىكنىڭ ئەسكەرلىرى ئەتراپتىكى بەگلىكلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا تۆمۈر قوراللارنى ئىشلەتكەن. ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا چىققان مىس ئەسۋابلاردىكى بەلگىلەردىن ئەينى چاغدا جۇڭشەن بەگلىكىنىڭ «بەگلىك گېربى» بولغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ بەگلىكتىكىلەر دۇنيادىكى داڭلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى — سەددىچىن سېپىلى قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان. مەس-

لەن: بۇ ھەقتە «تارىخنامە. جاۋ بەگلىرى تەزكىرىسى» دە: جاۋ بەگلىكىنىڭ چىڭ-خۇ 6-يىلى «جۇڭشەن بەگلىكى سەددىچىن سېپىلىنى ياساشقا قاتناشقان» دېيىلگەن. بۇ بەگلىكتە يېزىق قوللىنىلغان.

جۇڭشەن بەگلىكىنىڭ قەبرىستانلىقىنى قېزىش جەريانىدا شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، قەبرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، ماددىي بۇيۇملارنىڭ تۈرلىرى، يېزىقلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما بەزى جەھەتلەردە يەنىلا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان. مەسىلەن، بۇ بەگلىكتە ئاساسەن قەبرىلەردە تاغ (山) خېتى شەكلىدە ياسالغان مىس ئەسۋاب قاتارلىق دەپنە بۇيۇملىرى قويۇلغان، قورۇلۇشلارنىڭ ئۆگزىسىنىڭ چوققىسىدا تاغ شەكلىدىكى ئومۇرتقا كاھىش بار، ئىككى چوڭ قەبرىدىن چېدىر جازىسى ۋە چېدىر ئىچىدە ئىشلىتىلىدىغان لازىمەتلىك قاتارلىق بۇيۇملار چىققان. ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بۇ لازىمەتلىكلەر شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئەسلىتىدۇ.

قىسقىسى، جۇڭشەن بەگلىكىنى ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادى بولغان «دى»لار قۇرغان سىياسىي ھاكىمىيەت بولۇپ، بۇ بەگلىك شىمالدىكى مىللەتلەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا ھەسسە قوشقان، ئۆز مەدەنىيىتى ئاساسىدا، باشقا قوشنا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلغان. كېيىنچە ئۇلار شۇ يەردە ئۇزۇن مۇددەت ئولتۇراقلىشىش جەريانىدا باشقا قەۋملەر بىلەن قوشۇلۇپ، خەنزۇ (خۇاشيا) لارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى تەشكىل قىلغان. بۇگۈنكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادلىرى بولغان «دى» قەۋمىنىڭ مەدەنىيىتىمۇ سىڭگەن.